# ئانا- ئانا ۋە
# كېلىن

# «ئاتا . ئانا»

تەۋسىيە

بارلىق پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان ھۆرمىتى ، مېھرى ۋە چوڭقۇر ساداقىتىنىڭ تېخىمۇ يۈكسەك ئېشىشىنى ئاللاھتىن تىلەيمەن.

ئاپتۇردىن.

ئاپتۇرى : رەيھانگۈل ئىبراھىم

زەئىم كومپيوتىر باسمىچىلىقى

# <u>مۇقەددىمە</u>

خالىساڭ مەرت- مەردانە قىلىسەن بىر كىتاپتا بىر زاتنى ،

خالىساڭ خار قىلىسەن زار قىلىسەن بىرە زاتنى.

ئازاپقا دۇچار قىلىسەن كىتاپىڭنى ئازاپقا دۇچار قىلغىن ،

ئازاپتىن خالى قىلساڭ ئۆز قەلىمىڭدە خالى قىلغىن.

ئۆز كىتاپىڭدا ئۆز مۇھىتىڭدىن پاكىزە قىلغىن ،

ھەركىمنى ھەرجايدىن ھاياجانغا سالغىن.

ھەر كىتاپتىن ئەھلىگە ئەھلى سۇنساڭ ،

ھەر كىتاپتىن نەتىجە بىر مۆە ئالغىن.

كىتاپقا تەشنا بولغان ئىنسان سەن ،

كىتاپتىن بۇلاققا پەرۋىش قىلغىن.

كىتاپتىن ھەر ۋاقىت زوق مەنا ئېلىپ ،

كىتاپنى ھىسيات بىلەن راۋان ئوقۇغىن ..

# « ئاتا - ئانا »

ئەي ئىنسان ، سەن ئاۋۋال ئاتا- ئاناڭنى بىلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ تىگى- تەكتىنى ۋە جەمەتىڭنى بىل ، ئەي ئىنسان ، سەن يىغىپ كەلسەڭ يىنىلا بىر ئادەم ئاتا بىلەن هاۋۋا ئانىنىڭ بالىسى سەن ، نۇھنىڭمۇ بالىسى سەن ، ئادەمنىڭ بالىسى بولغان يەردە ، ئەي ئۇنىمۇ بىر خۇدا ياراتقاندۇر ، ئادەم يارالمىغان بولسا سەن قايسى ئاتا ئانىدىن بولار ئىدىڭ ، سىنىڭ ئاشىقىڭ پەرۋەردىگارىڭ ، سىنىڭ ئاتا- ئاناڭدۇر ، ئۇ خالىسا سىنى بار قىلىدۇ ، خالىسا سىنى يوق قىلىدۇ ، ئۇ ھەممىگە قادىر ئىگىدۇر ، بىراق بۇ دۇنيادىكى ئاتا - ئاناڭنىڭ قەدرىنى بىل ، قەدرىگە يەت ، هەر ئىشتا ئۇلارنىڭ رازىلىقى، ئۆز هۆرمىتىڭ ۋە ئىززىتىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پۇتىغا بېشىڭنى قوي ، قوللىرىنى سۆي ، باغرىغا ئۆزۈڭنى باس ، سەن ئۈچۈن ئىلىپ ئىيتقاندا ئاتا- ئاناڭنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقتى سەن ئۈچۈن قىممەتلىك ۋە ئىنتايىن قەدىرلىكتۇر ، بىراق بۇ قەدرىنى هازىر قىلمايۋاتىسلەر ، ئەي ئىنسان ، شۇ جاپاكەش ئاتا- ئانىلىرىڭ ئەنە شۇ زامانلاردا شۇنداق ئىشلىگەنكى ، مىهنەت قىلغانكى ،قەهرىتان- قىش ، تۇمۇز- يازلاردا سىنى بېقىش ئۈچۈن هالال مېهنەت بىلەن ئورما ئورغان ، يۈز كۆزلىرىدىن تەر ئاققۇزغان ، قوللىرى قاپارغان هالدا مېهنەت بىلەن هالال بىلەن سىنى بېقىپ چوڭ قىلغاندۇر ، ئەي ئىنسان شۈكۈر قىل ، سەنمۇ بالىلىق بولسەن ، بالىلىق بولغاندا بالاڭ كىچىچە يىغلاپ توختىمىغاندا خاپا بولسەن جىلى بولسەن ، ئۆز- ئۆزۈڭگە قاخشايسەن ، ئۇنداقتا ئاتا- ئاناڭ 10 بالىنى قانداق باققاندۇ، ئويلاپ باقتىڭمۇ؟؟؟ باشقىلار بالىلىرىڭ

سەتكەن دەپ قويسا ، كۆڭلۈڭگە كىلىدۇ . قاپقارا، مەينەت بىر ئادەم كىلىپ بالاڭنى سۆيسە يۈرەكلىرىڭ ئېچىشىپ كىتىدۇ ، سىنى ئاتا- ئاناڭ باققان. شۇنداق بىر مەينەت كىشلەر سۆيمەكچى بولغاندا ئاتا-ئاناڭنىڭ يۈرىكى ئېچىشمىغانمىدۇ ؟! بالاڭ بىر يىقىلسا يۈرۈكۈڭ زېدە بولىدۇ ، سەن 10 - 15 قېتىم يىقىلغاندا يۈرىكى نىمە بولۇپ كەتكەندۇ ؟؟؟؟

ئەي ئىنسان ، چوڭ بولدۇڭ ، نەۋرىلىك بولدۇڭ ، بالاڭنى باقارسەنمىكى دىسە يەنە شۇ ئاتا- ئاناڭغا تاشلاپ بەردىڭ ، گۆدەكلىك قىلدىڭ ، كىچىكلىك قىلدىڭ ، يەنە شۇ سەن باقالمىغان بالىنى ئاتا - ئاناڭ بېقىپ پەرۋىشنى باغلىيالىدى ، سەن بىلمىگەن كېسەللىرىنى ، خۇيلىرىنى ئاتا- ئاناڭ دەپ بەردى ، بالاڭ قىزىپ قالغىنىنى، ئاغرىپ قالغىنىنى بىلمەيسەن ، ئاش كىرگىنىنى بىلمەيسەن ، ۋە يەنە كىندىكى كۆپۈپ سوغۇق يەل تۇرۇپ قالغىنىنمۇ بىلمەيسەن ، ئەي ئىنسان ، شۇ ئاتا- ئاناڭ بولمىسا ئۆز بالاڭنى قانداق چوڭ قىلارسەن ،ھالىدىن قانداق خەۋەر ئالارسەن ، يەنىلا شۇ قېرىپ مۈكچىيىپ كەتكەن ئاتا- ئاناڭ بىلىدۇ ئەمەسمۇ !. سەن تېخى ئاتا - ئاناڭغا بىر كۈنلۈك ۋاقتىڭنى ئەمەس سائەتلىك ۋاقتىڭنىمۇ چىقىرالمايۋاتىسەن. مانا شۇنداق قەدىر- قىممەتسىز ئۆتكۈزۈشلىرىڭ پەقەت ئۆزۈڭگە پۇشايمان ۋە زەھەر يۇتۇشتىن باشقا ھىچ قانداق بىر ياخشىلىق ۋە ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ. ئۆزۈڭگە قايغۇ —ئەلەم ۋە قارغىشتىن باشقا ھىچ بىر مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ.

ئەي ئىنسان ، ئاتا - ئاناڭنى يالغۇز قويما ، ئاتا- ئانا رازى بولمىسا ئاللاھمۇ رازى بولمايدۇ ، ھە دەيسەنيۇ ۋارقىرايسەن ، ئاناڭ ساڭا ۋارقىراپ غادايغانمىتى ، ساڭا سۈت بېرىپ كېچە- كۈندۈز ئۇخلىماي سىنى بېقىپ ،

شۇنداق ئازاپلىق ھالدا شۇ دوختۇرخانىلار يوق زامانلاردا سىنى رەببىمگە تەۋەككۇل قىلىپ تۇغۇپ باققان شۇ ئاناڭغا ئەمدىلىكتە غادايدىڭ ۋە ئالىيسەن ، ئىچىڭدە غۇدۇرلاپ ؛ ما ئانامنى ، نىمە دەيدۇ بۇ قېرى دەپ تىللاپمۇ قويىسەن ، بۇ يوق ئەمەس بار ، ئاتا- ئاناڭ ئارتۇقراق گەپ قىلىپ قويسا ، نىمە دەيدۇ بۇساراڭ دەپ قويۇپ ، ئىچىڭدە پىچىرلىغىنىڭچە زىرىكىپ چىقىپ كىتىسەن ، ھەي ، ئاناڭلارنى يالغۇز قويماڭلار ،ئەمما سىلەر بىر قۇلدا بۇشۇكنى تەۋرەتكەن ، يەنە بىر قۇلدا دۇنيانى تەۋرەتكەن ئاناڭلارنى يالغۇز قويدۇڭلار ، دوستۇڭلار ئەتىسى سىلەرنى رېستۇرانغا چاقىردى ، ئەمما كەچتە بولىدىغان ئىشقۇ !! بىراق ئەتىگىنى السلام عليكم دىمەستىن بۇرۇن ئاپا: بۈگۈن كەچتە رېستۇرانغا باراتتىم ، شۇڭا تاماق ئىتەلمەيدىغان بولدۇم ، ئۆزىڭىز بىر نەرسە قىلىپ يەرسىز دەيسەن ، ئەي بۇ ئوغۇل - بۇ قىز ، 3- 4 سائەت گىرىم قىلىپ ، كىيىم بىلەن ھەپىلىشىپ يۈردۈڭ ، كەچ بولغۇچە ۋاقىت بارغۇ .. ئەلۋەتتە ئاتا - ئاناڭغا تاماق تەييارلاپ قويۇپ ماڭساڭمۇ بولاتتىغۇ .. بىراق ئىككى سائەت بۇرۇن مېڭىۋالىسەن ، ۋاي ئاپا ئالدىراپتىم خەقلەر بېرىپ بوپتۇ ، ۋاقتىدا بارمىسام بولمايدۇ دەپ ..

ھەي ، ئاتائاناڭدىن قورقمايسەن ، بۇ خۇدادىن قورقمىغانلىقتۇر . قورققىن!!! . شۇ ئاتا-- ئاناڭنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقتىنى سەن ئەھمىيەتسىز ، مەنىسىز بىر تۇترۇقى يوق رېستۇرانغا ئېلىپ ماڭدىڭ ، شۇ يەرگە بولغان كوڭلۈڭنى ئاتا — ئاناڭغا بەرگەن بولساڭ، كەچ كىرگۈچە ئاناڭغا تاماق ئىتىپ، يۈت - قولىرىنى تۇتۇپ ماڭغان بولساڭ نەقەدەر خوش بولغان بۇلاتتى ، نەقەدەر سۆيۈنگەن بۇلاتتى ھە!!!!! ئەپسۇس... سەن تاماقمۇ

ئەتمەي ، سەي كۆكتاتلارنمۇ توغرىماي ھەتتا خېمرنمۇ يۇغۇرۇپ بەرمەي كتسپ قالدىڭ .

بچارە ئانا يالغۇز تامغا يۆلۈنۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى ، ئاقارغان چاچلرنى سلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى ، سەن شۇ ماڭغان ۋاقتىڭدا ئاپاڭنىڭ نۇرلۇق كۆزلىردە مۇنچاقتەك ياشلارنىڭ لىغىرلاپ ، پارقىراپ قالغننى بلەمسەن؟ قورۇق چۈشكەن شۇ كۆزلىرىنىڭ غەمگە تولغانلىقنى بلەمسەن ؟ بچارە ئاناڭنىڭ بوينىنى قسىپ خۇددى 6 - 7 ياشلىق سەبى بالىدەك بچارىلەرچە ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكنى بلەمسەن ؟؟ ..

ياق ... سەن بلمەيسەن ، سەن شەيتاننىڭ كەينىگە كرىپ ئۇيۇنغا بېرىلگەن ئادەمسەن ، مانا ئولتۇرۇشقىمۇ باردىڭ. بېرىپ غەيۋەتكە چۈشۈپ كەتتىڭ ، ۋاي مىنىڭ ئانام قېرى يەي ، قېين ئانام مۇنداق دىدى يەي ، ئىشقىلىپ تولا گەپ ، ئەي ئىنسان ، شۇ ياشانغان ئاتا- ئانىمىز ھۆرمەتكە سازاۋەردۇر ئىنشائاللاھ ، ئۇلارنى يەتتە قات كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا نسىپ قىلغاي .

داداڭ مانا نۇرغۇنلىغان كەتمەنلەرنى چاپقان ئادەم ، ساقلاپ كتىدۇ قاچانمۇ ئوغلۇم كۈلۈپ كىلىپ مەن بلەن مۇڭدىشا دەپ ، بىراق سەن كىلپلا ئۆز ئىشىڭ بلەن بولۇپ كتىسەن. ئەسلا داداڭنى ئويلاپمۇ قويمايسەن ..

بچارە داداڭ كەتمەننى سلاپ ئولتۇرۇپ كەتتى ، كەتمەننى خۇددى ھاسا تۇتقاندەك تۇتۇپ ، ئىتزلارغا قاراپ قايغۇ- ھەسرەت بلەن ئولتۇرۇپ كەتتى ، سەن قانداقمۇ چىدايسەن ، ئەي ئوغۇل قانداقمۇ چىدىغانسەن ، بچارە داداڭ سنى باققۇچە سەن تۇغۇلغىچە ساڭا پۇل

تىپىپ ، يەيدىغاننى تېپىپ ، ئاناڭنى بېقىپ ، سەن تۇغۇلساڭ ، كۆيۈپ پىشىپ بېشىدا كۆتۈرۈپ پوق- سۈيدۈكلىرىڭ يۇزلىرىگە چاچراپ كەتسىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ : بالامنىڭ ئەمەسمۇ دەپ ، ئاتا - ئاناڭ شۇنداق خوشال بولۇپ كىتەتتى ، سەن تۇنجى قېتىم ئاپا- دادا دەپ كۈلگىنىڭدە ئۇلارنىڭ قانچىلىك خوش بولۇپ كەتكەنلىگىنى بىلمەيسەن .. ئىززەت ۋە ئىكرام بىلەن باققىنىنى سەن بىلمەيسەن ، چۈنكى سەن چوڭ بولدۇڭ ئەمەسمۇ!

ئاتا- ئاناڭ ئۆزى يىمەستىن ساڭا بېرىدۇ ، ناۋادا سىرتتىن بىر توشقان تۇتقان بولسا ، ئايالىغا بىرىدۇ ، نىمە ئۈچۈن بىلەمسەن ؟ شۇ ئايالىم قۇۋۋەتلىك يىسە بالام قۇۋۋەتلىك تىزراق چوڭ بۇلارمىكىن دەپ ئويلايدۇ. بۇ پەقەت ئاپاڭنى ئويلىغانلىق ئەمەس بەلكى سىنى ئويلىغانلىق . ئەي ئوغۇل سەن بىلەمسەن ؟ ئەي قىز ، ئاناڭ ئەتىگەندە قوپۇپ هويلا - ئاراملارنى سۈپۈرىۋاتىدۇ ، سەن بولساڭ ، ئۇخلاۋاتىسەن ، ۋە ياكى گىرىمىڭنى قىلىپ تىلفۇنىڭغا قاراپ قايىسى يىگىتتىن ئۈچۈر كەلگەندۇ دەپ تىلفۇننى چاڭگاللاپ ئولتۇرىسەن ، بىچارە ئاناڭ سۇنى چېچىپ ئاستا . ئاستا هويلا سۈپۈرمەكتە ۋە پات - پات دەرىزىدىن ساڭا قاراپ قويماقتا ، ئۇ هەرگىز ساڭا بەس سالغانلىق ئەمەس ، بەلكى بالدۇر ئورنىدىن تۇرۇشقا ئادەتلەندۇرۇشتۇر ، سەن خەقنىڭ ئۆيىگە كىرىسەن ئەمەسمۇ ! ئۆز ئاناڭنىڭ ئىشىنى قىلمايسەنيۇ ، باشقىلارنىڭ ئىشىنى مەدىكاردەك قىلىسەن ، ئەي قىز ئاتا- ئاناڭنى قانچە هۆرمەتلەپ ئىززەتلىسەڭ ساڭا بولغان مۇهەببىتى ئاشىدۇ ۋە رەببىڭنىڭ رەهمىتى ياغىدۇ ، ئاتا - ئاناڭنى قانچە قاخشىتىدىكەنسەن ، قانچە زۇلۇم قىلىدىكەنسەن ، ساڭا شۇنداق جاھىللاردىن بېرىدىكىن ، بىر مىنۇت

ئولتۇرساق نەشترىنى سانجىپ، چىچىكنى يۇلۇپ تۇرۇپ ئىشقا سالىدىغان كىشىنى بىردۇ .

ھەي قىز ، بۇ دۇنيا 4 كۈنلۈك ئالەم ، ئەي ئوغۇل شۇنداق كىشلەرمۇ بار.سەن قىلغاننى ھەسسىلەپ ياندۇرغۇزىدۇ ، چۈنكى ئۇستىمىزدە ئاشقىمىز ، رەببىمىز بار ، بۇ دۇنيا ئۇنچە تار ئەمەس ، ئۇنچە كەڭرىمۇ ئەمەس ، پۇل تاپساڭلار غادىيىپ ئۆزەڭلار خەجلەيسىلەر ، ئاتا- ئاناڭلار پۇل دىسە قاخشايسىلەر ، سىلەردە پۇل بولمىسا ئاتا- ئاناڭلار نىملا بولمىسۇن بىر يەردىن تېپىپ بىردۇ ، ۋاقتى كەلگەندە شۇ ئاتا- ئاناڭ قېرىپ مۈكچۈيۈپ ماڭالماس بولۇپ قالغاندا بەس سالىسىلەر ، خۇتۇنلىرىڭلار: ئاپاڭنى ئاۋۇ ئۇكاڭنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويساڭ بولمامدۇ، قاچانغىچە پۇقنى تازلايمەن بۇ قېرىننىڭ ، يا ئۆلمىدى يا خۇدايىم جېنىنى ئالمىدى دەپ تاپا-تەنە قىلسا - ھەي ئاللاھ ئىگەم ، ئىنساپىنى بەرسۇن بۇلارنىڭ — ئاكا- ئۇكىلار بىر بىرىڭلارغا ئىتتىرىپ ، سەن باق دىسە سەن باق دەپ خورلايسىلەر، ئاخىرى بۇ بىچارە ئاتا ئانىلار خىجالەتچىلىكتە ئاستا ئۆزىنىڭ غېرىبانە كۆلبىسىگە قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەي ئاللاھ بۇ قېرى ياشانغانلارنى ئەزىز قىلغايسەن !

ئاتا- ئانىلار ھازىر يالغۇز قالماقتا ، پەرزەنتلەر ھېچ بىر خىيالدا يوق ئويناپ يۈرمەكتە ، بار بايلىقنى ئۆزى خەجلەپ ، ئاتا - ئانىلارنى مالايلىققا قويماقتا ،تىلەمچىلىككە سالماقتا!!!! ئەي پەرزەنت ، ئاتا- ئاناڭنى ئەزىز بىلگىن ، سەنمۇ ئاتا - ئانا بولىسەن ، سەنمۇ قېرىيسەن ، ئاتا- ئاناڭغا ۋاپا قىلمىساڭ بالىلىرىڭدىن ساڭا ۋاپا كەلمەيدۇ ، ئەي پەرزەنتلەر بىلىڭلاركى ، ئاتا - ئانا شۇنداق مېھرىبانكى ، ئۇ دۇنياغا كەتكەندىمۇ بالام سەندىن رازى

مەن دەپ كىتىدۇ ، سەن قانچە جاپا سالساڭمۇ ئۇ مەن رازى دەيدۇ . ئاتا- ئاناڭغا قول كۆتۈرمە ، ئاتا- ئاناڭ رازى بولسىمۇ رەببىم رازى بولماستۇر ، ئەي پەرزەنت ئىگەڭدىن قورققىن !

نىمە ئۈچۈن خۇدادىن قورقمايسەن ؟؟؟ئاللاھ ئادەمنى ۋە ھاۋۋانى ياراتتى شۇلارنى ياراتقاچ ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆرمىتىدىن سەنمۇ يارالدىڭ ، ئەي يىگىت ، ئاتا - ئاناڭنى رازى قىل ، بولمىسا خۇدامۇ رازى ئەمەستۇر. نىمە ئۈچۈن ؟؟؟ چۈنكى ئاپاڭ شۇنداق جاپادا ، ئاغرىقتا سىنى تۆت كۆزى بىلەن ساقلاپ تۇغدى ئەمەسمۇ ؟! داداڭ يۈرەكلىرىدىن ئوت قايناپ ساقلايدۇ ئەمەسمۇ ؟! سەنمۇ بالا باققانسەن ، بالىلىق بولغانسەن ، بالا دىگەن شۇنداق تاتلىق نەرسە ، ۋاقتى كەلگەندە مېھرى بولمىسا ھەقىقەتەن كوڭلىنى ئاغرىتىدىغان يۈرەككە سانجىلىدىغان بولىدۇ ، بىراق بالا ھەرقانچە ئەسكى بولسىمۇ ئاتا ئانىنىڭ دۈشمىنى ئەمەستۇر . ئاتا- ئاناڭنى ئەزىز بىلگىن ، ئەتىگەندە سالام بەرگىن ، پۇت - قوللىرىنى تۇتقىن ، داداڭنىڭ ساقاللىرىنى يۇيۇپ قويغىن ، پاكىز ، ئاپپاق كىيىملەرنى كىيدۈرگىن ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلارمۇ بەستىلىك بىر ياش ئىدى ، ھەي باللار ، قىزلار ، ئاتا ئاناڭلارنى يۇيۇندۇرۇپ قۇيۇڭلار . چاچلىرىنى تاراپ ئۆرۈپ قۇيۇڭلار ، مۆرىلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇڭلار ، پۇتلىرىغا سۇيۇڭلار ، ئۇلارغا قۇۋۋەتلىك يىگۈزۈڭلار.

چىشى يوقكەن دەپ خارلاپ قويماڭلار ، قورۇق چۈشۈپ سەتلىشىپ كەتتى دەپ نۇمۇس قىلماڭلار ، سىلەرمۇ بىر كۈنلەردە شۇنداق قېرىيسىلەر، ھازىر قىلغان گىرىملار بىلەن شۇنداق سەت قېرىيسىلەر ، لىكىن ھازىر ئاتا- ئانىلار شۇنداق چىرايلىق نۇرلۇق قېرىيدىغۇ ، گىرىم

قىلغان ئىنسان ئەزەلدىن چىرايلىق قىرىغان ئەمەس ، بۇنى بىلىپ قالارسىلەر ، ئامېرىكىنىڭ قىرىلىرى بىلەن ھەقىقى مۇسۇلمان ئاياللار قىرىسا ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ ، ئۇلار قىرىغاندا بەك تېز قىرىيدۇ ، قورۇقلىرى ساڭگىلاپ كېتىدۇ ، ئاتا- ئاناڭلار شۇنداق چىرايلىق قىرىدى ، كۆز تەگمىسۇن ، قىلغان گىرىمىڭلارنىڭ يېرىمىنى چىقىرىپ بولسىمۇ ئاتا- ئاناڭلارغا يىگۈزۈڭلار. سىلەرنىڭ شۇ قىلغان گىرىمىڭلار ، ئاتا- ئاناڭلارنىڭ 2 ئايلىق تامىقىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ ، توۋا گىرىم يەمىسلەر بىلمىدىم !!

ئەي ئوغۇل ، سىنىڭ قىلىۋاتقان كەيپىڭ، ئىچىۋاتقان نەرسەڭ ، ئۇف سۆزلىمەي دىسەم سۆزلەپ قالدىم . ئاق چىكىسەن ، شۇ قىلغانلىرىڭ ئاتا- ئاناڭنىڭ 10 يىللىق قان تەرىنى يوقۇتىدۇ ، ئېغىر بولغاندا ، قايتالمىغاندا بىر ئۆمۈرلۈك قان تەرىنى يوقۇتىسەن ، بىچارە ئاتا- ئانىلارغا سەۋر قىلماقتىن باشقا ئامال يوق ، ھەقىقەتەن ئۇلارنى سەۋر- تاقەتلىك قىلىپ يارتىپتىكەن ئىگەم .

بىچارە ئاتا- ئاناڭ سىنى باققۇچە ، قانچىلىك جاپا تارتتى بىلەمسەن؟؟؟ ئەي قىز ، ئوغۇل : ئاتا- ئاناڭ سەن ئۈچۈن بارلىقىنى بېرىدۇ ، بىراق سەنچۇ بىر قوي ئۆلتۈرۈپ مەيدەڭنى كىرىپ تۇرۇپ: دادا ،ئاپا ئېلىڭلا دىيەلەمسەن ؟ ئاتا- ئاناڭ 10 بالىنى جاپادا باقتى ، لىكىن 10 بالا بىر ئاتا- ئاناڭنى باقالامسەن ؟ مەيدەڭنى كىرىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلالامسەن ؟ ياق ! ھەرگىز قىلالمايسەن ! مەيدەڭگە ئۇرۇپ تۇرۇپ دىيەلمەيسەن ، بېشىڭنى تۆۋەن قىلىپ تۇرۇپمۇ دىيەلمەيسەن ، ھەي.... يەنە شۇنداق پەرزەنتلەر باركى ، ئاتا ئانىسىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ ، ئۇلارنى بېشىغا

ئېلىپ كۆتۈرىدۇ ، ئۆزى يىمەي ئاتا- ئانىسىغا يىگۈزىدۇ ، ئۇلار ئۇچۇن كېچە-كۈندۈز رەببىمدىن مەغپىرەت تىلەپ دۇئادا يىغلايدۇ .

ئەي ئىنسان! مەيلى ئىلىمدا بولسۇن ۋە بىلىمدە بولسۇن ئاتا - ئاناڭنى ياخشى كۆرگىن ، ئۇلار كاپىر بولسىمۇ يەنىلا ئۇلار سىنىڭ پەيدا بولىشىڭغا بىردىن -بىر سەۋەپكاردۇر ، بۇنى رەببىمنىڭ دوستلىرىمۇ شۇنداق دىگەندۇر ، بۇنى سەن بىلىسەن ، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۇلارنى قاخشىتىسەن ، قارغىشىنى ئالىسەن ، ئۇلارنىڭ قارغىشىنى ئېلىپ قالما ئەي يىگىت ، ئۇلار شۇنداقلا قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدىكەن ساڭا بالادىن باشقىسى ياغمايدۇ ، ئەگەر ئۇلارنى رازى قىلىدىكەنسەن شۇنداق قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىدىكەن ساڭا بەرىكەت ھەسسىلەپ ياغىدۇ. شۇنداق ھەسسىلەپ ياققاندا يول سال ، نامراتلارنى يۆلە ، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگىن ، ياشانغانلارغا تېخىمۇ ھۆرمەت بىلەن قارا ، سىلىكىشلىمە ، ئالدىڭدا تۇرغان يات بىر بوۋاي-موماينىمۇ سىلىكىشلىمە ، ئۇلار ئاتا — ئانىلاردۇر ، پەرزەنتلىك بولغۇچىدۇر ... ياخشى ئۇلگە قالدۇرىمىز دىسەڭ ئاتا - ئاناڭنى ھۆرمەتلە ، سەنمۇ ياخشى بىر ئاتا - ئانا بولغىن ، ئابرويۇڭنى چىن قوغدا .

بولساڭ ھايات چېغىڭدا- ئاتا ئاناڭنى كۈتىۋال ،

بىر كۈنلۈك ئۆمۈرمۇ بىباھا گۆھەردۇر.

ئالتۇنغا تىگىشمەيسەن ۋاقتى كەلگەندە ،

سەن يوق يۈگەنسىز ئۇيناپ يۈرگەندە.

يۈگەنسز ئويناپ يۈرسەڭ بىپايان يايلاقتا ،
كىتىپ قالىسەن ھامان باقىي ئالەمگە .
ئۆكۈنسەن ئەھمىيەتسز ئۆزۈڭگە ئۆزەڭ ،
يىغلىساڭمۇ قىرىق يىل ئورنىغا كەلمەس بۇئالەمدە.

كۆرەلمسەڭ ئاتا - ئاناڭنى بىر كۈن كىتىپ يىراققا ،
ئۆز ئۆيۈڭنىڭ غىمىدە ئالدىراش يەنە .
ئاتا - ئاناڭ كەتسە پەرزەنتىنى كۆرەلمەي ئۇ ئالەمگە ،
ئەي ئىنسان ئىچىڭ ئېچشارمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە .....

يىغلارسەن بىر كۈن ياكى يەتتە كۈن ،
ۋەلىكىن يىغلاپ ئەسلەپ قىرىق كۈن.
ئۆتسە يىللار ئۇنتارسەن ئاتا- ئاناڭنى ،
غەمسىز ئويناپ يۈرەرسەن قاۋاقلاردا كۈنۈ-تۈن.

ھەقىقى مېھرىبان بولساڭ ئەي پەرزەنت ،

ئاتا- ئاناڭ قېرىغاندا كەتمەيدۇ يىراققا.

ئاتا- ئاناڭ كىتىپ قالغاندا مېھرىڭ تۇتقاندا ،

ئىزدەيسەن ۋارقىراپ باغمۇ - تاغلارغا .

ئاتا - ئاناڭ شۇنداق بىر ئىسىل زاتلاردۇر ،

بىلسەڭ ساڭا ھىممەت قىلغاندۇر.

رەھمىتىنىڭ ھەممىنى ساڭا بەرگەندۇر ،

ئۆز تاپقىنىنى يىمەستىن ساڭا ئاتىغاندۇر.

ئەي ئىنسان بىلگىنكى ئاتا - ئاناڭ ياخشىدۇر ،

ئاتا- ئانا رەھمىتى ھەممىگە بولغاندۇر.

ئاتا - ئانا دۇئاسى كۆككە كۆتۈرۈلۈر ،

ئاتا- ئانا قارغىشىدىن ئاپەتلەر كىلۈر.

قوي تاپساك ، مال تاپساك ياكى نان تاپساك ،

قىلغىن ئاتا- ئاناڭغا ھەسسىلەپ بەرگىن.

دۇنيا تاپالمىساڭمۇ ھەرۋاقىت نامراتچىلىقتا ،

ئاتا- ئاناڭغا بۇغدايچىلىك ياخشى سۆزنى ئاتا قىلغىن .

ئاتا -ئاناڭ يالغۇز قالمىسۇن ئەي ئىنسان ،

يالغۇزلۇق ئىنسانغا بەكلا بەك يامان.

قېرىغاندا بولىدىكەن ئىنسان شۇنچىلىك نازۇك ،

ئىككى ياشلىق بالىدەك بولىدىكەن قىلىقلىرى ئارتۇق .

ئاتا - ئاناڭنى كۈتكىن ئەي ئىنسان ،

ئورنىغا تەرەت قىلسا ئەيىپ ئالمىغىن.

سەنمۇ بوۋاق ۋاقتىڭدا تۆككەن پوق سىيدۈكىڭنى ،

جاۋۇرغا چىلاپ يۇيغان پوق لاتاڭنى.

قۇلىقىڭدا جاراڭلىغاندۇر ئەللەي ناخشىسى ،

ھېلى - ھەممۇ يادىڭدا باردۇر شۇ ۋاقىت.

سەنمۇ بىلمەيمەن دەيسەن ئەللەي ناخشىسىنى ،

بالاڭ تۇغۇلغاندا ئېيتىپ كىتىسەن تۇتالماستىن ئۆزۈڭنى.

چاي ئويناىسەن رېستوران ، باغمۇ - باغ چېپىپ ،

بىر قېتىممۇ ئاپاڭنى يۈرۈكۈڭدىن ئويلامسەن.

ئاپاڭ ئويلار ھەر ۋاقىت تاكى كۆزى يۇمۇلغىچە ،

كۆز يۇمۇش ۋاقتىدىمۇ دەيدىكەن پەرزەنتىم يەنە.

ھازىر ئۆلۈمنىڭ ھىچ بىر ئەتىۋارى قالمىدى ،

ئاتا - ئانا كىتىپ قالسا مىراس تالاشتا قالدى.

تىللىشىپ ، ۋاقىرىشىپ ئاكا- ئۇكا ، ھەدە- سىڭىل ئۆز ئارا ،

مىراس تالىشىپ ئالدىراش يەر بولۇشتە قالدى.

ئاتا- ئاناڭنىڭ قىرىقى توشقىچە ئۈنچە غەۋغا قىلما ،

روھى قالمىسۇن ئازاپتا قىينىلىپ.

مەڭگۈ بايلىق ئاتا- ئاناڭدىن قالغاندۇر ،

خاتىرجەم بولساڭ ئاللاھىم سىڭدۈرەر كەڭچىلىك قىلىپ.

ئاۋۋال قىرىقى توشسا ئەي پەرزەنت ،

ئالدىرماي يىغقىن قېرىنداشلىرىڭنى بىر يەرگە.

قايسىنىڭ تۇرمۇشى بولسا بەكلا ناچار ،

بەرگىن ئۈنىڭغا ئارتۇق ھەسسىلەپ.

ئاتا- ئاناڭ تاپىدۇ شۇندىلا رازىلىق ،

تاپار شۇندىلا گۆردە ئەمىنلىك.

روھى خاتىرجەم بولۇپ تەسكىن تاپسا ،

ئىشلىرىڭ يۈرۈشەر ئالغا ئىلگىرلەپ.

تۇۋا دەيمەن ، ھازىر ئاتا- ئانا ئۆلۈپ بولغىچە مىراس تالىشىدۇ ، ۋاقىرىشىدۇ ، جىدەللىشىدۇ ، ھەي باللار ، مىراسقا ئۆزەڭلارنى ئۈنچىۋالا ئۇرۇپ كەتمەڭلار ، ئاتا- ئاناڭلارنىڭ بىقىپ چوڭ قىلغىنى ئەڭ چوڭ

مراستۇر ، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋۋا ئانا بۇ دۇنياغا نازۇ - نىئمەت بىلەن چۇشكەن ئەمەستۇر ، تىرىشچىلار ، مېھنەت قىلىشلار ، بەش ئەزايىگلار ساق بولغاندىكىن ياخشى ئىشلەشلار ، نامراتلارغا ئارتۇق بېرىشلار ، شۇندىلا رەببىم سىلەرگە ھەسسىلەپ بېرىدۇ ، ئۇرۇش- جىدەل قىلماسلار ، ئۆز- ئارا ھۆرمەت ۋە ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئولتۇرۇپ بىر ئىشلارنى ھەل قىلىشلار، شۇندىلا ئاللاھ سىلەردىن رازى بولىدۇ ، رەھمىتىنى ۋە بەركىتىنى ئەيلەيدۇ. ئاتا - ئانا رازى بولىدۇ .

ئاتا- ئانىسىنى قاخشاتساڭ، ئۇلار رازى بولمىسا ، ساڭا مەڭگۈلۈك دەۋزەخ ئازابىدىن ۋە ئوتتىن باشقا ھىچ بىر ھەمراھىڭ يوقتۇر ، سىنىڭ ھىچ بىر پاناھىڭ ۋە قۇتقازغۇچۇڭ يوقتۇر ، بىلگىنىكى ئاللاھنىڭ رازىلىقى شۇ رازىلىق بىلەن بولىدۇ .

ئېيتقىن ئەي ئىنسان ھەممىگە سەن ،

ئاتا -ئانا ئۇلۇغدۇر شۇنداق ئۇلۇغدۇر.

چۈنكى رەببىم ئەزىز ياراتقان ئۇلارنى ،

ئاتا- ئانىنى قەدىرلىمەك ھەر ئىنسانغا ھەقتۇر.

بۇ دۇنيادا ئۇلۇغ بولسا ئاتا-ئاناڭ ،

مەڭگۈلۈك ئۇلۇغى يەنىلا رەببىمدۇر.

يىتەلمىسمۇ رەببىمگە كارامەت ھىكمەتلىرى ،

ئاتا - ئاناڭنىڭ مېھرى يەتكۈدەك باردۇر.

ئەي ئىنسان ساڭا بۇغداي نان بېرىپ باققان ئاناڭ ،

گۆشنى بېرىپمۇ باققاندۇر ئاناڭ.

ئۆزى زاغرا يەپ تۇرۇپ يەنە ،

ماڭغاندۇر قەدەملىرىدە جاق - جاق شۇ ئاناڭ.

پۇت - قوللىرىدا جان قالمىسىمۇ زاغرا يەيدۇ ،

ساڭا بولسا قۇۋۋەتلىك يېگۈزىدۇ.

قول ئىلكىدە ھېچبىر سۇنقى بولمىسا پۇلىنىڭ ،

ساڭا ئىزدەپ ، قەرز ئېلىپ بولسىمۇ بېرىپ تۇرىدۇ.

ئۆزى كەيگەن كىيىمگە بولغاندۇر 10 يىل ،

سىنىڭ كەيگەن كىيىمڭگە بولغاندۇر10 كۈن.

كىيىمىم يىرتىلدى دەپ كىرسەڭ يەنە قاسماق كەبى ،

ئاتا - ئاناڭ پۇل تېپىپ ئالىدۇ يەنە.

شۇنچە ئەتۋارلاپ كۈتسە سنى ،

نمانچە باغرى تاشلىق قلسەن ئاتا- ئاناڭغا.

ئۇلار سنى بېقىپ ساڭا دۈشمەنلىك قلدىمۇ ؟

سنى بېشىدا كۆتۈرۈپ يەرگە ئاتتىمۇ ؟

نمە ئۈچۈن باشقىلاردەك كۈتمەيسەن ئاتا-ئاناڭنى ،

خۇددى گۆھەرنى ساقلىغاندەك كۆيۈنگەن ساڭا.

ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك شۇنچە كۆرسەڭ ئاتا ئاناڭنى ،

ئاللاھ ساڭا بەرمەسمۇ بەركەتلىرىنى.

ئاتا- ئاناڭنى سۆيۈشتىن خجىل بولسەن تېخى ،

ئاتا- ئاناڭ قۇرۇقلىرى بىلەن لەۋلىرىڭنى قىسىۋالغانمۇ ؟

ئاتا - ئاناڭنى قۇچاقلاشتىن ئەنسىرەيسەن تېخى ،

بەدىنىدىن بىرە پۇراق چىقىپ سنى سەسكەندۈرگەنمۇ ؟

ئەينى ۋاقىتتا ، بوۋاق ۋاقتىڭدا ئاناڭنى ئەمگەن ،

شۇ ھىدىنى پۇرىمىغۇچە ئۇخلىمىغان سەن ئەمەسمۇ ؟

ئەمدى ئاناڭنى ناپاك كۆرۈشكە نىمە ھەددىڭ ،

ئاتا- ئاناڭنى باغرىڭغا بىسىشتىن ئۇيالدىڭمۇ ؟

ئاتا- ئاناڭ شۇنداق ئېيتقاندا ئەللەي ناخشىسىنى ،

سەن مۇڭلۇنۇپ ئولتۇرۇپ كىتەتتىڭغۇ.

ئەمدى ئۇشبۇ بۇلبۇل كەبى خۇش ئاۋازى ،

قۇلىقىڭغا مۇشتلار بولۇپ تەگدىمۇ ؟

4 ئېغىز گەپ قىلسا چاچراپ قوپىسەن ،

ئىككى گەپىڭ بىرى بولسا سىلكىيسەن.

ئەينى ۋاقىتتا ئەللەي ناخشىسىنى ئېيتقاندا ،

مۇڭلىنىپ تاتلىق ئۇخلىغىنىڭنى ئۇنتۇيسەن.

ئەي ئىنسان ئاتا- ئاناڭ ساڭا يامان گەپ قىلغانمۇ؟

دىلىڭغا ئازار بېرىپ چىشلەپ تارتقانمۇ؟

ئەمدىلىكتە سىلكىشلەشكە نىمە ھەددىڭ ،

ئاناڭ كوچىدىكى لالما ئىتتەك شۇنچە خارمۇ؟

ئاناڭ سىنى شۇنداق جاپادا باققان ئىدى ،

ئاتاڭ سىنى ئەتىۋارلاپ بېشىدا كۆتۈرگەن ئىدى.

ئەمدىلىكتە سەن 2- 4 تال پۇل تېپىۋېلىپ ،

ئاتا- ئاناڭغا كۆرسەتكەن كۈنۈڭ نە بولدى؟

ئۈيۈڭدە بىر قوزىنى يالغۇز باققان بولساڭ ،

ئۇنىڭغا قارىساڭ قارىغۇڭ كىلىدۇ يەنە.

ئاتا - ئاناڭدىن نىمە ئۈچۈن بىزار بولۇپ ،

زىرىكىپ قالغانسەن سەن بۇنچە تىزلىكتە.

ئاتا- ئاناڭ ساڭا قايسى ئىشنى خاتا قىلغان بولغۇيتى ،

سىنى تۇغۇپ خاتا قىلغان بولغۇيمىتى ؟

ئۆگىتىپ ساڭا شەرمى – ھايا پەزىلەتنى ،

نەسىھەتلىرىدىن ساڭا بىر گۇناھ قىلغان بولغۇيمىتى ؟

ئاتا- ئاناڭ ساڭا شۇنداق بىر سەت كۆرۈنگىدەك ،

سىنى بىر يەردىن ، ھارامدىن تاپقان بولغۇيمىتى ؟

نىمانچىلا ئاتا - ئاناڭغا سەت قوپاللىق قىلىسەن ،

ئاتا - ئاناڭ ساڭا يالغان ئېيتقانمىدى ؟

بېقىۋالغان بولسىمۇ ئەي ئۇ سىنىڭ ئاتا- ئاناڭ ،

خەقنىڭ بالىسىنى بېقىۋېلىپ باغرىغا پاتقۇزغانىغۇ ؟

ئاتا- ئاناڭ سىنى يات كۆرمىگەن ئىدىغۇ ،

خەققە بىلدۈرمەي سىنى باققان ئىدىغۇ.

ئەمدى ئۆزەڭ باقالماي بىر پەرزەنتنى ،

سېتىۋەتكەن باللارمۇ ئاز ئەمەسقۇ ؟

باقالماي تۇرۇپ ئۆزەڭ بىر پەرزەنتنى ،

ئاتا- ئاناڭنىڭ قەدرىگە يەتمىگەن بارمۇ ؟

سېتىۋەتتىڭغۇ بالاڭنى شۇنداق ،

تاشلىۋەتتىڭغۇ بالاڭنى ئۇنداق.

بىرىۋەتتىڭغۇ دارىلتامغىمۇ يەنە ،

ئاتا- ئاناڭنى يەنە ئويلاپ كۆردىڭمۇ ؟

يەنە شۇ تاشلىۋەتكەن يۈرەك- پارەڭنى ،

ئاتا- ئاناڭغا بەرسەڭ بېقىپ بېرەربولغۇيتى.

بېقىپ بەرسىمۇ بالاڭنى سېنىڭ ،

ئاتا - ئاناڭغا كىيگۈزدۈڭمۇ بىرەر لىباسنى.

ئاتا - ئاناڭ بار ۋاقتىدا كەيگۈزمەيسەن ،
قول ئىلكىگىدە باردا ،تاپقىنىڭدا يىگۈزمەيسەن.
ئۆلۈپ كەتكەندە چىدىماستىن ياقا يىرتىپ ،
بىلمەيتمەن ئاپا دەپ ھازا ئېچىپ يىغلايسەن.

بىلمەيتمەن دادام دەپ يىغلايسەن ،
بىلمەيتمەن ئاپام دەپ يىغلايسەن.
قاچان بىلگەن ئەي ئىنسان ئېيتقىن قېنى ،
ئۆلگەندە بىلگەنمىتىڭ ئەي ئىنسان يەنە.

بىلمەيسەن ئەمەس بىلىسەن سەن ھەممىنى ،
بىلىپ تۇرۇپ يالغاندىن بىلمەيتمەن دەيسەن.
ئەي ئىنسان كىسەل ئاشكارا ۋە يۇشۇرۇن كىلۇر ،
ۋاقتىدا قەدرىگە يەتمىسەڭ شۇنداق پۇشايمان يەيسەن.

بلمەپتمە دىمە ئەي ئىنسان ھەممنى بلىسەن ،

بلىپ تۇرۇپ نادانلىقتا ھەممنى قلىسەن.

بلگەن ۋاقتىڭدا ئالىقاچان كچىكسەن ،

ئاھ ئۇرۇپ ،زەھەر يۇتۇپ پۇشايمانلار يەيسەن.

ئەينى ۋاقتتا سەن توي قىلغاندا بىشگنى سىلىغان ، ئۆيۈگنى ئايرىغان ، ساڭا ھەسسىلەپ بىرىپ كەپتەرلىرىڭگە دان تۇشغان، خاپا بولۇپ كەلسەڭ نەسىھەت قىلغان ، چىرايلىق ئۇيۈگنى تۇتقىن دەپ نەسىھەتلەر قىلغان.ئەمدىلىكتە چوڭ بولىۋىلىپ ، پەرزەنت كۆرىۋىلىپ ، ئاتا - ئاناڭنى تاشلىغىنىڭ تاشلىغان ..

بەزىلەر باركى ئاتا ئانىسىنى قەدىرلەيدۇ ، بىشىدا ئىلىپ كۆتۈرىدۇ ، ۋە ئاياللىرى ئاتا - ئانىسىنى ياختۇرمىسا ئاياللىرىدىن ۋاز كەچسە كىچىدۇكى ئاتا- ئانا ئۇچۇن بارلىقنى ئاتايدۇ، ئۇلار ئۇچۇن بايلىقىدىن كىچىدۇ ، ئۇلارنىڭ پۇتىغا پۇت ،قولىغا قول بولىدۇ. ئەنە شۇنداق پەرزەنتلەرگە ئاللاھىم مىھرىنى بەرگەي ، كۈچ قۇۋۋىتىنى ئايرىمىغاي .

ھەي ئىنسان تۆۋە قىلغىن دەيمەن ھەرزامان ،

رازى قىلغىن ئاتا- ئاناڭنى ،چىھرىڭگە تولسۇن نۇر —ئىمان.

خۇشنۇد بولۇپ قىلسا شۇنداق  بىر دۇئا ياخشىلىق كىلىدۇ ھامان ،

ئاتا- ئاناڭ بولمىسا سەندىن رازى

قاغىشى ھەممىدىن بەك يامان .. يامان .. يامان .

ئۆتكەن شۇنداق ھىكمەتلىك ،دانا زاتلار  ،

ساھابە ۋە ئاشىق ، ھەزرەت دوستلار.

ھەممە سۆزى مۇجەسسەمدۇر بىر كەلىمىگە ،

كۈتكىن ئەي ئىنسان ئاتا- ئاناڭنى رازى قىلىۋال.

ئىچىۋالساڭ ئەگەر كۈچىلاردا ،

ئاتا- ئاناڭ تەلمۈرۈپ قارايدۇ دەرۋازىدا.

يەنە ئىغىرىڭنى كۆتۈرۈپ ئۇھ دەپ قويىدۇ ،

ئەتىسى قىلسا  نەسىھەت  قاخشاپ قالىسەن.

ئاتا- ئانا ئۇلۇغدۇر ، ئاتا- ئانا بۈيۈكتۇر ،

ئاتا- ئانا شۇنداق مېھرباندۇر.

ئاتا - ئاننى قايتا تاپقىلى بولماستۇر ،

ئۇلاردىن ئايرىلساڭ يېتىملىك ساڭا ھەمرادۇر.

ئۆلۈم دېگەن شۇنداق تۇيۇقسىز كېلىدۇ ، ئاتا - ئانىسى ئۆلگەندە بىلمەيتىمەن ئاپام- دادام دەپ يىغلايسىلەر ، ئەمەلىيەتتە بىلىسىلەر ، ئاتا- ئاننىڭ قېرىپ قالغانلىقى شۇ بىلگەنلىكتۇر ، شۇنداق ۋاقىتتا ياخشى كۈتۈڭلار ، قول - پۇتلىرىنى تۇتۇپ قويۇڭلار .

، ئۇلاردىن رازىلىق ، مېھربانلىق ۋە دۇئا ئېلىۋېلىڭلار ، كارىڭلار يوق بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندە ، بىلمەيتىمەن ئاپا- دادا دېمەڭلار .

ھەقىقى بىر پەرزەنت ئاتا- ئاننى ياخشى كۈتۈپ ياخشى قاراپ ئاللاھتىن جەننەتنى تىلەيدۇ ، ئاللاھقا يىغلايدۇ ، كېلىنمۇ ۋە كۈيئوغۇلمۇ شۇنداق قىلىڭلار ، ئاللاھىم جەننەتنىڭلارنى كەڭ قىلار ئىنشائاللاھ .

مەيلى سەن كېلىن بول ، مەيلى كۈيئوغۇل بول ئۆز ئاتا- ئاناڭ بولمىسىمۇ ئۇلارنى ئۆز ئاتا- ئاناڭدەك كۆرگىن ، چۈنكى ئۇلار شۇ ھەمراھىڭلارنى تۇغۇپ بېقىپ ساڭا بەردى ، ۋە ساڭا نائىل قىلدۇردى ، ئۇلارنىڭ قەدرىنى قىل ، ئاللاھقا ئېيتمەنكى شۇ ياشانغان ئاتا- ئانىلارنى بالىلارنىڭ قولىغا

قىلىشىغا نىسىپ قىلمىسۇن ، ئۇلارنىڭ تىنىنى ساغلام ، جۇشقۇن قىلسۇن ئەي كەرەملىك ئاللاھ ...

قاراپ قالمىسا دەيمەن پەرزەنت يولىغا ،

قارىمىسىكەن پەرزەنتىنىڭ ئىشىغا.

ساقلاش بىلەن ئۆكۈنۈپ ھەسرەت قىلغاندىن ،

ئالسىكەن ئۇلۇغ رەببىم رەھمەت قوينىغا.

تاماق ئەتتىم بالامغا دەپ ساقلاپ قالدىڭ ،

كىرىپ قالدىڭ مۆكچىيىپ ئۆزەڭ 70 - 80 گە.

قاچانغىچە بالا دەپ ياشايسەن ئەي بوۋاي ،

شۇ بوۋاي — مومايلار قاراپ قالمىسىكەن پەرزەنت قولىغا .

قاچانغىچە يۈرەر ئاق ساقاللىرىنى سۆرەپ ،

بالام دەپ ھەرۋاقىت ھەرجايدىن ئىزدەپ.

قاچانغىچە ئۆرەلمەي ئاق چېچىنى موماي ،

سىغىنىش ئىلكىدە تەلمۈرەر يۈرەكنى داغلاپ.

ئېيتمەن ئاللاھقا تەشنالىق بىلەن ،

ئاتا- ئانىنى ھەرگىزمۇ پەرزەنتكە قويمىغىن.

خارلىنىپ قالمىسكەن دەيمەن يالغۇزلۇقتا ،

يالغۇزلۇق ھەسەتتىن بەك ياماندۇر يامان.

قېرىغاندا يالغۇزلۇق كىملەرگە بولماس زور ئەلەم ،

ياش تۇرۇپ قالساڭمۇ ئۆزەڭ بىر يالغۇز.

دەرت تۆككىدەك ھېچ بىر ئىنسان زاتىڭ يوق ،

دەيمەن يالغۇزلۇق  ھەممىدىن يامان.

يالغۇزلۇققا يار بولسا بىر رەببىم يار بولغاندۇر ،

ھىچ بىر شېرىكى بولمىغان بىر زاتتۇر.

ئاتا - ئانىنى قويمىغىن پەرزەنت قوينىغا ،

ئاتا- ئانا قالمىسۇن پەرزەنت قولىغا.

ئەي پەرزەنت باقڤن ئاتا- ئاناڭنى ،

يالغۇز قويما ھەرگىز يىگانە ئۇلارنى.

يىگانە يالغۇز قويساڭ ئاتا- ئاناڭنى ،

قىساسقا قالىسەن پەرزەنتىڭدىن سەن يەنە.

قاراپ قالمىسكەن دەيمەن پەرزەنت قولىغا ،

ھەسرەتتىن ئۆرتۈنگەن شۇ بوۋاي- موماىغا.

ھەرۋاقىت نىسىپ بولسۇن تىنىچ- ئامانلىق ،

جەننەتى ھەر ئىككى دۇنيادا شۇ ئاتا- ئانىغا.

سەنمۇ بولىسەن بىر كۈنى قېرىپ مۈكچىيىپ ،

چاچ- ساقاللار ئاقارغان قوللار ھاسىغا چۈشكەن.

كىملەرنى كىملەر ئىزدىشىپ يۈرۈشەر بۇ كۈن ،

شۇ پەيتلەرگە يۈرەكلەر كۆيگىنى كۆيگەن.

قالمسۇن ساڭا پەرزەنتىڭدىنمۇ يېنىپ ،

ئاللاھىم بار ئۇستۇڭدە قايتۇردۇ ھەسسىلەپ.

ئاتا- ئاناڭنى ئەتىۋالاپ كۆتكىن شۇنداق ،

ئاللاھىم ھەسسىلەپ بېرىدۇ يەنە پەپىلەپ .

ئەي بىچارە ئاتا - ئانىلار شۇ مېھرىبان ئاتا- ئانىلار قوللىرى قاپارغان چىرايلىرىنى قورۇق باسقان ، چاچ ساقاللىرىنى ئاق باسقان ، بىر قولىدا ھاسىنى تۇتۇپ پەرزەنتىنىڭ يوللىرىغا قارىغان ، پەرزەنت ئىشقى ۋە نەۋرە ئىشقىدا كۆيگەن ، ئۇلارنىڭ تىنىچ- ئامانلىقىنى ئاللاھتىن تىلەپ ، يۈرەكلىرى كۆيۈپ يۈرگەن شۇ ئاتا- ئانىلار ئاللاھ ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىلسۇن ، ئاللاھىم جەننىتىڭلارنى كەڭ قىلسۇن ، ھەرۋاقىت ئاسايىشلىق بولسۇن ، ئاللاھىم سىلەرگە مۇبارەك ، ياخشى ئۆلۈم نىسىپ قىلسۇن ، سىلەرگە بەخت- سائادەتلىك تۇرمۇشنى ئاتا قىلسۇن ، ئاللاھىم سىلەرنى ئۆز يېنىغا ئېلىپ دوست قىلىشقا نىسىپ قىلسۇن ، ئاللاھىم شۇ پەرزەنتلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرسۇن. ياخشى پەرزەنتلەرنىڭ دىلىغا تېخىمۇ ھەسسىلەپ مېھىر سالسۇن ، ئامىن !

دۇنيادىن كىتىۋېرسەن دۇنيا قالۇر ،

بىر كۈنى كىتەرسەن تۇپراققا يەنە.

قەدىرلە ئاتا- ئاناڭنى بۇ دۇنيادا ،

كىتىپ قالسا نەھاجەت يالغۇزلۇقتىن يامان.

ئاتا - ئانا ۋەسلىگە يەتكىن ،

قەدرىگە يەتمىگەنلەرمۇ كۆپتۇر ،

شۇ يىتىمنىڭ نالىسى كۆپتۇر ،

ئاڭلىساڭ بويىننى قىسىپ يوللاردا قالغان .

ئاتا - ئانىغا زار بولغاندۇر كۆپ پەرزەنت ،

ئاتا - ئانىسىز يۈرگەندۇر ھەم كۆپ پەرزەنت.

ئاتا - ئانىنىڭ يوقلۇقى ھەممىدىن يامان ،

ئەي ئىنسان بۇ دۇنيادا ئاتا- ئانىنىڭ يار- يۆلەك بولغىنى بولغان .

بۆشۈك تەۋرىتىپ يۈرگەنمۇ ئاناڭ ئىدى ،

يىغلىساڭ ئەللەي ئېيتىپ بەرگەنمۇ ئاناڭ ئىدى.

ئانام دىدىڭ ، ئانام دىدىڭ كېچە —كۈندۈز ،

سەن يىغلىغاندا تەڭ يىغلىغان ئاناڭ ئىدى.

سىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنمۇ ئاناڭ ئىدى ،

كەتمەن چىپىپ ئىتىزلىقتا يۈرگەنمۇ ئاناڭ ئىدى.

سەن ئاغرىپ قالغاندا قوللىرىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ،

ھەر جايدىن تىۋىپ ئىزدىگەنمۇ ئاناڭ ئىدى.

ئانام دەيسەن ئاتام دەيسەن ئەي بۇرادەرلەر ،

ئاتا - ئانىنىڭ قەدرى ئايرىلغاندا بىلىنەر.

ئاتا- ئاناڭ دىمىگەن ھەرۋاقىت قاخشاپ ،

خۇدادىن بەختىڭنى تىلىگەن ئەي ئىنسان.

دۇنيادا چىرايلىق ئانام چىرايلىق ،

دۇنيادا نۇرلۇقتۇر ئاتام نۇرلۇقتۇر.

دۇنيارىم ھىچ بىر مەنىلىك بىلىنمەس ،

ئانام چىرايلىق ، ئاتام چىرايلىق.

دۇنيا گۈزەل شۇنچىلىك گۈزەل ،

ئانام بولغاچقا شۇنچىلىك گۈزەل.

ھۆرمىتىم چەكسىز دۇنياغا شۇنداق ،

ئانام بولغاچقا ھۆرمىتىم چەكسىز.

گەرچە كىرسە ئانام 90 ياشقا ،

ھېلىھەم گۈزەلدۇر گوياكى 18ياشتا.

ئانام قېرىپ مۈكچىيىپ كەتسىمۇ ،

ھېلىھەم كىلىشكەن غۇنچە ئالدىمدا.

بەللىرىنى باغلىغان بەلۋاغ كۆز ئالدىمدا كۆرۈنەر ،

بىر ۋاقىتتا قىر ياقىلاپ ئېتىز ياقىلىغان.

كىم كىلىشكەن قەدى- قامەت بىر كىشى ،

ئاتامنى ئاتامغا سۆز قىلىمەن ھىكمەتتىن يەنە.

چىرايلىق يەنە ئاتام چىرايلىق ،

چىرايلىق يەنە ئانام چىرايلىق.

گۈزەل دىسەڭ دۇنيانى گۈزەل ،

ئاتا - ئاناڭ گۈزەل بولمىسا مەنىسىز بۇ جاھان.

ئايالىڭنىڭ چىرايلىقى چىرايلىق ئەمەس ،

بالاڭنىڭ چىرايلىقى چىرايلىق ئەمەس.

ۋاقتى كەلگەندە سەت كۆرۈنەر پۈتكۈل جاھان ،

ئاتا- ئاناڭ يېنىڭدىن كەتكەندە يۈتارسەن ئەلەم.

باققان بولسا مەيلى سىنىڭ ئاتاڭ ،

قەرزدۈرسەن ،پەرزدۈرسەن ئاتا - ئاناڭغا سەن يەنە.

باققىن ئۆگەيلىمەي سەن ھەر ۋاقىت ،

يىگانە قويمىغىن شۇ ئاتا- ئاناڭنى.

بارچىنى ئېلىپ بەرگەنمۇ شۇ ئاتا — ئاناڭ ،

ساڭا ھايات بەرگەنمۇ شۇ ئاتا — ئاناڭ.

چىرايلىقتۇر چىرايلىق دەيمەن ھەر ۋاقىت ،

ئاللاھقا زار يىغلاپ چىرايلىق شۇ ئاتا- ئانام .

# خاتمه

ئاگلىغىن ئەي يىگىت يېنىڭدا كىملەر باردۇر ،

هەركىم يېنىڭدا نىملەر باردۇر.

ئىزدىسەڭ شەھەردىن دۆلەتكە كىزىپ ،

يەنىلا تۇپراقتىن باشقىسى يوقتۇر.

ئاگلىغىن ھەربىر نىمىتىڭ تۇپراقتىن ،

كىيگەن- ئىچكىنىڭ يەنىلا تۇپراقتىن.

ئۆلسەڭمۇ كىرىسەن بىر كۈنى تۇپراققا ،

تاپالمايسەن ھىچ بىر پاكىز تۇپراقتىن.

پاكىزلىقتىن ئەلا بىل تۇپراقنى ،

ھەر نىمىتىڭ ، ئاشلىقىڭ بار زىمىننى.

ساڭا كەڭ قۇچاق ئاچقان ھەي قېرىنداش ،

سىنىڭ ئاشقىڭ مىھرىبانلىقتىن ساڭا ياندىش.

سنى يغلتىپ ساڭا مەدەت بەرگەن ،

سەن يغلغاندا ساڭا هاسا بولغان.

سەن كۆز- ياش ئاققۇزغاندا ئۆز- ئۆزىنى قەغەز قلغان ،

رەببىمنىڭ مۆمن دوستلربغا دوس بولغىن .

دۇنيادىكى بارلىق مۇكچەيگەن ، چاچلىرى ئاقارغان ، قارايغان شۇ بوۋاي-مومايلار ، شۇ مۇئمنلەر سىنىڭ ئاتا-ئاناڭغا ئوخشاشتۇر.بىرلا ئاتا-ئانا يىتەرلىك بولمايدۇ.كۆپلىگەن ئاتا-ئانىلار كۆپلىگەن پەند-نەسىهەتلەر بىلەن نۇرغۇنلىغان تۇرمۇش يوللىرىنى،ئەهدىناملىرىنى ، ھەقىقەتلەرنى كۆرسىتىپ بىرىدۇ.شۇڭلاشقا بارلىق ئاتا-ئانىلارنى هۆرمەتلەيلى.بىشىمىزدا كۆتۈرەيلى.پەزىلەت ،هۆرمەت ، ئىززەت-ئىھتىرام بىلەن ئۆيگە باشلايلى. شۇ مۇكچەيگەن ئاتا-ئانىلار بىزنىڭ ئاتا-ئانىمىزغا ئوخشاش.پەزىلەتتە ۋە ئەقىل پاراسەتتە بىزلەردىن ھەرۋاقت ئۈستۈندۇر.ئۇلار 100 ياشقا بىز 90 ياشقا كىرسەكمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىز هامىنى يەنىلا بىر پەرزەنت ،تېخى ئەقلىگە توشمىغان بىر بالا هىساپلىنىمىز.شۇڭلاشقا شۇ مىهرىبان ئاتا- ئانىلرىمىزنى قەدىرلەيلى.ئۇلۇغ ئالله شۇ ئەزىزلىرىمىزنى ئىككىلا دۇنيادا خار قىلمىسۇن.